# كىشىلەر مەككىدىن قايتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىقى ئىشى كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولۇشقا بۇيرۇلدى. ئەمما ھەيزدار ئاياللدىن بۇ يەڭگىللىتىلدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر مەككىدىن قايتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىقى ئىشى كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولۇشقا بۇيرۇلدى. ئەمما ھەيزدار ئاياللدىن بۇ يەڭگىللىتىلدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ شەرەپلىك بەيتۇللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق ھەق - ھۆرمىتى باردۇر. ئۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا باش ئېگىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا قورقۇپ تۇرۇشنىڭ بىر سىمۋۇلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرەكلەردە بىر ھەيۋىتى، قەلبلەردە ئۇلۇغلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىنسلىش ۋە مۇھەببەت قىلىش مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغۇچىنى، مەككىدىن يۇرتىغا سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى كەبە شىرىپىنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ ئاخىرىقى تاۋاپ بولۇپ، ئۇ تاۋاپۇل ۋىدا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ھەيزدار ئاياللىرىن ۋىدا تاۋپىنىڭ ساقىت بولۇشىدىكى سەۋەپ؛ مەسچىتنىڭ پاكىزلىقى ۋە ھۆرمىتى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىن بۇ تاۋاپ پىديەسىز ساقىت بولدى. بۇ ھەج توغرۇلۇق كەلگەن دەلىلدۇر، ئۆمرە ھەجنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. تەيسىيرۇل ئەللام تەنبىھۇل ئەفھام تەئسىسۇل ئەھكام

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3229

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee